# شىنجاڭ گېزىتى

2020- يىل 9- ئاي
12
شەنبە
维吾尔文 9 月12日

新疆日报网: www.xjdaily.com  شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  25182- سان  بۈگۈن 4 بەت


## جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يۆلەنچۈكى

### ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىدە بار بولغان تەڭداشسىز قۇدرەتلىك رەھبەرلىك كۈچى بوران - چاپقۇن ھۇجۇم قىلغاندا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يۆلەنچۈكى.» مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەجرىبىسى ۋە چوڭقۇر ئىلھام تەپەككۈرىنى ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلق ئارىسىدىن كەلگەن، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، باشتىن - ئاخىر ھەممىدە خەلقنى ئويلاش، ھەممىدە خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشى ۋە قەتئىي قوللىشىغا ئېرىشكەن،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

## شى جىنپىڭ ئالىملار سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# دۇنيا پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۈزلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئېھتىياجىغا يۈزلىنىپ، خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈزلىنىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا پەن - تېخنىكىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ يۈرۈش قىلىش كېرەك

### ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتناشتى



9- ئاينىڭ 11- كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا ئالىملار سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ياۋ داۋېي فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9- ئاينىڭ 11- كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 9- ئاينىڭ 11- كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭدا ئالىملار سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، «14- بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى ئاڭلىدى.

ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ھەل قىلىش لايىھەسىگە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ، ھەممىسى يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى كەڭ ئالىملار ۋە پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىلىم - پەننىڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىش ئىشەنچى، ئىرادىسى، ئىقتىدارى بار. كەڭ ئالىملار ۋە پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، دۇنيا پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۈزلىنىشتە، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىشتە، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئېھتىياجىغا يۈزلىنىشتە، خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا پەن - تېخنىكىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىدا، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى شۆ كۇاڭدى، چىڭخۇا داشۆ گىرەلەشمە ئۇچۇر تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى ياۋ چىجى، شىخۇ داشۆسىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى شى يىگۇڭ، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى چېن زونىڭ، ئالىبابا گۇرۇھى تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى ۋاڭ جيەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى قەدىمكى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار ۋە قەدىمكى ئىنسانلار

(ئاخىرى 2- بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 8- قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك

### «ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يولغا قويۇش چارىسى»، «سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاراپ چىقىلدى

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9- ئاينىڭ 10- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 8- قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 8- قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە رايون ئەۋزەللىكى، بايلىق ئەۋزەللىكى، مۇھىت ئەۋزەللىكى، ئېچىۋېتىش ئەۋزەللىكى، كېيىن تەرەققىي قىلىش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىپ، پائال قاتنىشىپ، زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى قۇرۇلۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك. ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئوبوروت سىستېمىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى ئۇلۇغ رولىنى تولۇق تونۇپ، زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ھەقىقىي

(ئاخىرى 2- بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13- نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 97- قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9- ئاينىڭ 11- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13- نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 97- قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە تەنتەربىيە ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈش، «ئاۋۋال كىنىشكا، ئاندىن ئىجازەتنامە» بولۇشنى ئىسلاھات قىلغاندىن كېيىنكى ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، شىنجاڭ تاشيول قاتناش ترانسپورتىنىڭ ساياھەت كەسپى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تەرەققىي قىلىشنى تېزلىتىش خىزمىتى تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە تەنتەربىيە ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەنتەربىيە

(ئاخىرى 4- بەتتە)

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى  بەختلىك تۇرمۇش كارتىنىلىرى③
كۆتۈنۈش سۈغۇرتىسى مۇقىم بەختكە تىرەك بولدى >> 4- بەتتە

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

# ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى يۇقىرى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

### شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار ئۆگىنىش يىغىنىغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بىلەن مۇزاكىرە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەستايىدىل ئۆگەندى. يىغىندا، چېن چۈەنگو، تيەن ۋېن، لى يىفېي، ياڭ شىن ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يازما پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. ئۇلار بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان، جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتقان، چوڭقۇر جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئاساسىغا ئىگە بولغان، خەلقنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشكەن تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى، 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار چوڭ دۆلەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا سىجىل تۈرتكە بولالايدىغان، 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيلىك تارىخىغا ئىگە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايدىغان تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى. قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىش كېرەك.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن چېن چۈەنگو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ــــ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ

(ئاخىرى 3- بەتتە)